
«كۆك ئاي» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى
ئۆردەك «ياق» دەيدۇ
شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

«كۆك ئاي» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# ئۆردەك «ياق» دەيدۇ

ئاپتورى: ئەلىسون رىچ (ئەنگلىيە)
رەسىمىنى سىزغۇچى: خەنناخ جورج (ئەنگلىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن- سىن نەشرىياتى




www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەتلىرى

图书在版编目（CIP）数据

蓝月亮宝宝. 鸭子说“不可以”：维吾尔文 / 新疆儿童文学研究会编；龙喜汇动漫公司绘；帕力达·买买提译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2015.12

ISBN 978-7-5469-7826-0

Ⅰ. ①蓝… Ⅱ. ①新… ②龙… ③帕… Ⅲ. ①儿童文学 – 图画故事 – 中国 – 当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆CIP数据核字(2015)第281502号

策　　划：于文胜

责任编辑：迪娜·迪里木拉提

责任校对：迪力夏提·买买提

责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜

责任决审：亚森·吾不力哈斯木

责任印制：刘伟煜

书　　名　蓝月亮宝宝绘本丛书 —— 鸭子说“不可以”（维吾尔文）
译　　者　帕力达·买买提
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号（邮编 830026）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
印　　刷　北京新华印刷有限公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/12
印　　张　2.5
版　　次　2015年12月第1版
印　　次　2017年1月第1次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7826-0
定　　价　16.00元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）



ئۆردەك كۆلچەك باشقۇرغۇچىسى بولغاندىن كېيىن مەغرۇرلىنىپ: «بېلىق تۇتۇشقا يول قويۇلمايدۇ! سۇ ئۈزۈشكە رۇخسەت يوق!» دەپ داۋراڭ سالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بولقا، تاختايلارنى تاراڭشىتىپ، ئاگاھلاندۇرۇش تاختىلىرىنى ياساپ كۆل بويىغا قاداپ قويدى. بۇنىڭدىن كۆپچىلىك نارازى بولۇپ، كۆل بويىدىن بىر ـ بىرلەپ كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمتاس كۆل بويىدا يالغۇز قالغان ئۆردەك كۆز يېشى قىلدى...


www.uyghurkitap.com

ئۆردەك چىرايلىق كۆلچەكتە ياشايدىكەن، ئاق غاز بۇ كۆلچەكنىڭ غوجايىنى ئىكەن. پارلاق قۇياش نۇرى ئاستىدا، كۆلچەكتىكى سۇ پارقىراپ تۇرىدىكەن، كۆلچەكنىڭ ھەربىر ئەزاسى كۆلچەكتە خۇشال ـ خۇرام ياشايدىكەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىركۈنى ئاق غاز ئۆردەككە:
— مەن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى ساڭا تاپشۇرىمەن، مەن دەم ئېلىپ كەلگىلى بارىدىغان بولۇپ قالدىم، ئورنۇمدا كۆلچەككە قاراپ قويغىن، — دەپتۇ.



ئۆردەك بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەيلا قاپتۇ.



ــ ئاق غاز كۆلچەككە قاراشنى ماڭا تاپشۇردى، ــ دەپ ئويلاپتۇ ئۆردەك ھاياجانلانغان ھالدا، ــ قارىغاندا كۆلچەكنى باشقۇرىدىغان ئوخشايمەن.

ــ ئاق غاز، مەن چوقۇم بار كۈچۈم بىلەن بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقىمەن، ــ دەپتۇ ئۆردەك ئىشەنچ بىلەن مەيدىسىگە ئۇرۇپ.




ئەتىسى ئۆردەك سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆلچەك بويىغا كېلىپ، تېز ئۇچۇشنى بەسلىشىۋاتقان بىر توپ يىڭناغۇچلارنى كۆرۈپتۇ.

— توختاش، — دەپ توۋلاپتۇ ئۆردەك، — مەن مۇشۇ كۆلچەكنىڭ باشقۇرغۇچىسى، سەنلەرنىڭ بۇ يەردە ۋىغىلداپ ئۇچۇپ، جىمجىتلىقنى بۇزۇشىڭغا رۇخسەت يوق.



— ئۆردەك، بىز بۇ يەردە ئۇچتۇق، — دەپتۇ يىڭناغۇچلار ھەيرانلىق بىلەن، — بۇنىڭغا نېمە بولدۇ؟

— بۇ يەردە ئۇچۇشقا بولمايدۇ، — دەپتۇ ئۆردەك كەسكىنلىك بىلەن.



— مەن بۇ ئەبلەخلەرنى ئەسكەرتىپ تۇرسام بولغۇدەك، — دەپ ئويلاپتۇ ئۆردەك.

كېيىن ئۇ كۆلچەك بويىغا تاختاي ئەكېلىپ، تاراق - تۇرۇق قىلىپ بىرنېمىلەرنى ياسىغىلى تۇرۇپتۇ.



ئەتىسى ئەتىگەن كۆپچىلىك كۆلچەك بويىغا قادالغان ئاگاھلاندۇرۇش تاختىسىنى كۆرۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com


بۇ يەردە مۇسابىقىلىشىشكە بولمايدۇ!
كۆلچەكنى باشقۇرغۇچى ئۆردەكنىڭ بۇيرۇقى



ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆردەك بېلىقچى قۇشنىڭ كۆل بويىدا بېلىق تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— هوي، بېلىقچى! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئۆردەك، — قولۇڭنى تارت! بۇ يەردە بېلىق تۇتۇشقا بولمايدۇ.



— ئەمىسە مەن نەگە بېرىپ بېلىق تۇتىمەن؟ — دەپتۇ بېلىقچى نارازى بولۇپ.

— ئىشقىلىپ باشقا يەرگە بار، — دەپتۇ ئۆردەك كەسكىنلىك بىلەن. ئۇ قانات - قۇيرۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىرغاڭلىغىنىچە كېتىپ قاپتۇ.

www.uyghurkitap.com




ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ يەنە بىر نەچچە پارچە تاختاي ئەكېلىپ، ئاگاھلاندۇرۇش تاختىسىدىن يەنە بىرنى ياساپتۇ.



ئۆردەك مۆگدەپ قالغان پەيتتە، بىر
توپ پاقا كۆلچەككە سەكرەپ چۈشۈپتۇ.

پولتۇڭ! پولتۇڭ!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ــ پاقا! ــ ئۆردەك ئېسگە كېلىپ، يۇقىرى ئاۋازدا توۋلاپتۇ، ــ بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ بۇ يەردە سۇغا سەكرىسەڭلار بولمايدۇ!

ــ سۇغا سەكرىسەڭلار بولمايدۇ؟ ــ پاقىلار پەرىشان هالدا سوراپتۇ، ــ كىم شۇنداق دەيدۇ؟

ــ مەن، ــ دەپتۇ ئۆردەك قانىتىنى قېقىپ يۇقىرى ئاۋازدا، ــ مەن بۇ كۆلچەكنىڭ باشقۇرغۇچىسى، بۇ يەردىن دەرهال يوقىلىش!

تېزلا كۆلچەكنىڭ ئەتراپى ئاگاھلاندۇرۇش تاختىسىغا توشۇپ كېتىپتۇ.




www.uyghurkitap.com



بېلىق تۇتۇشقا بولمايدۇ!
ئۆردەكنىڭ بۇيرۇقى
(چوقۇم رىئايە قىلىش كېرەك).
مۇسابىقىلىشىشكە بولمايدۇ!
كۆلچەكنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئۆردەكنىڭ بۇيرۇقى
سەكرەشكە بولمايدۇ!
مايدۇ!
بولمايدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئۆردەك ئاخىر رازىمەنلىك بىلەن ئورنىغا ئولتۇرۇپتۇ.

— ئاخىر جىمدى، — دەپ ئويلاپتۇ ـ يۇ، بىراق يەنە ئازراق بىئارام بوپتۇ.

ئۇ ئالدىدىكى چىرايلىق كۆلچەككە قاراپتۇ. پارلاپ تۇرغان قۇياش نۇرى ئاستىدا، ئەتراپ شۇنچىلىك جىمجىت بولۇپ، پاقىلار كۇركىرىغاندىكى «كۇر ـ كۇر» قىلغان، سۇغا سەكرىگەندىكى «پولتۇك» قىلغان، سۇنىڭ «شار ـ شار» قىلغان ئاۋازى ئاڭلانماپتۇ.



— كۆپچىلىك نەگە كەتكەندۇ؟ —
ئۆردەك قايغۇرۇشقا باشلاپتۇ، — مەن
زادى نېمە ئىش قىلىپ قويدۇم؟
ئۇ شۇ ھامان ئورنىدىن چاچراپ
تۇرۇپ، دوستلىرىنى ئىزدەشكە مېڭىپتۇ.



ھېچقانداق ئاۋاز
ئاڭلانمىغاچقا، ئەتراپ
شۇنچىلىك تىمتاس
بولۇپ كېتىپتۇ.



ئۆردەك چىملىققا كەلگەندە، كۆپچىلىكنىڭ بۇ يەردە ئەركىن ـ ئازادە ئويناپ يۈرگىنىنى كۆرۈپتۇ.

ـــ بۇ يەر نېمىدېگەن ياخشى، ـــ دەپتۇ يىڭناغۇچ ۋىڭىلدىغىنىچە.

ـــ ئۆردەك بىزنى بۇ يەردىن قوغلىۋېتەلمەيدۇ، ـــ دەپتۇ پاقىلار كوركىراپ تۇرۇپ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئۆردەك يىغلاپتۇ، ئۇ ئېغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ، كۆلچەك تەرەپكە قاراپ ئالدىرىماي مېڭىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

چۈشتىن كېيىن ھەممەيلەن ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئۇيقۇغا كەتكەندە، كۆلچەك تەرەپتىن بولقىنىڭ تاڭلىدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— ئاھ، تەڭرىم، — دەپ غۇدۇڭشىپتۇ پاقىلار، — ئۆردەك يەنە ئاگاھلاندۇرۇش تاختىسى ياساۋاتقانمىدۇ؟



كۆلچەك تەرەپتىن ئاڭلانغان بولقا ئاۋازى قاراڭغۇ چۈشكۈچە توختىماپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە، چىملىقنىڭ ئۈستىدە ئالاھىدە چوڭ تاختىدىن بىرسى پەيدا بوپتۇ....



كۆپچىلىك كۆلچەك بويىغا كەلگەندە،
يەنە بىر تاختىنى كۆرۈپتۇ.






ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




— ھەي ئەخمەق، ئۆردەك، — دەپ كۈلۈپ كېتىپتۇ يىڭناغۇچ ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ.

— ھەممىمىز سېنى سېغىندۇق! گەرچە سەن ئادەم باشقۇرۇشنى ياخشى كۆرسەڭمۇ! — دەپ كوركىراپتۇ پاقا.

ئاق غاز دەم ئېلىشتىن قايتىپ كېلىپ، قاينام ـ تاشقىنلىققا چۈشكەن كۆلچەكنى كۆرۈپ، ئۆردەككە:

ــ ئۆردەك، مەن تاپشۇرغان خىزمەتنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاپسەن، كېلەر قېتىم يەنە سېنى كۆلچەكنى باشقۇرۇشقا قويىمەن، ــ دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ــ ياق، بولدى رەھمەت، ئاق غاز، ــ دەپتۇ ئۆردەك كۆلۈپ تۇرۇپ، ــ كۆلچەكنى باشقۇرۇش ئاسان ئەمەس ئىكەن.

شۇ كۈندىن باشلاپ، ئاق غازنىڭ كۆلچىكى دۇنيادىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك كۆلچەككە ئايلىنىپتۇ، ئۆردەكمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ، باشقىلارغا بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا گەپ قىلمايدىغان بوپتۇ.





www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 2013 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 6 ـ ئاي 5 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆美术摄影出版社 2013 年 5 月第 1 版，2014 年 6 月第 5 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: يۇ ۋېنشېڭ
مەسئۇل مۇھەررىرى: دىنا دىلمۇرات
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلشات مەمەت

قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۈنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېييۇ

**«كۆك ئاي» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى**

# ئۆردەك «ياق» دەيدۇ

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
باسقۇچى: بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/12
باسما تاۋىقى: 2.5
نەشرى: 2015 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2017 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 – 7 – 5469 – 7826 – 0
باھاسى: 16.00 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلا ئادرېسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ISBN 978-7-5469-7826-0
9 787546 978260 >
定价：16.00元

ئوقۇ سەرخىل كىتابلىرى
dudu
WWW.dudu-book365.com